# ئابلەت ئاشخانا ئېچىپ يۈكسەك ئىرادىگە كەلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«دابەنجى، داپەنيۇ، كالا ـ قوي گۆشى، ئىسسىق سەي، سوغۇق سەينىڭ ھەممىسىنى قىلالايمەن!» ئابلەت مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: مەن باش ئاشپەز، ھەر خىل سەيلەرنى قىلالايمەن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئاشپەزنى ئۈن تاماقلىرىنى ئېتىشكە تەكلىپ قىلدىم.

ئابلەت خېرىدارلارنى رازى قىلغۇدەك غىزالاندۇرۇش ئۈچۈن، يېمەكلىكلەرنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغاندىن باشقا يەنە، تەمىنىمۇ جەزمەن ياخشى قىلىش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. كالا ـ قوي گۆشى، كۆكتاتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يېڭىسىنى ئالدى، ئۇنىڭمۇ ماركىلىقىنى تاللىدى.

تىجارەت باشلاشتىن ئىلگىرى، ئابلەت مەخسۇس ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ تېتىپ بېقىشى ئۈچۈن تاماقلارنى ئېتىپ، ئۇلارنى ياخشىلاش پىكىرلىرىنى بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئاخىر «ئاق ئۈجمە دەرىخى» ئاشخانىسى تىجارەت باشلىدى، شۇ كۈنلۈك تىجارەت سوممىسى 2000 يۈەنگە يەتتى، ئابلەت خۇشاللىقىدىن خوتۇنى بىلەن ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى.

ياخشى باشلىنىش بولغاچقا، ئابلەتنىڭ ئىشەنچىسى تولۇپ تاشتى. ئىنچىكە كۆزىتىش ئارقىلىق، ئۇ ئاشخانىغا كېلىدىغان خېرىدارلارنىڭ ئاساسلىقى، ئورگان كادىرلىرى، دوختۇرلار، يەنە يېقىن ئەتراپتىكى مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئائىلە باشلىقلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئىكەنلىكىنى خۇلاسىلەپ چىقتى. كادىرلار، دوختۇرلارنىڭ تاماقنىڭ تەمى، سۈپىتىگە بولغان تەلىپى يۇقىرى، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئائىلە باشلىقلىرى تاماق مىقدارىنىڭ يېتەرلىك، تەمىنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئابلەت ھەر كۈنى ھەربىر قورۇمىنى كۆڭۈل قويۇپ قورۇدى، ھەربىر خېرىدارغا سەممىي مۇئامىلە قىلدى، ئاستا ـ ئاستا ئاشخانىغا كېلىپ تاماق يەيدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى، ناتونۇش خېرىدارلار تونۇش خېرىدارغا، دوستقا ئايلاندى.

«يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى خېلى كۆپ كادىر چۈشتە، كەچتە بۇ يەرگە كېلىپ تاماق يەيدۇ» دېدى ئابلەت. ئاشخانىدا مەنپەر سومەن يەۋاتقان بىر يىگىت مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: بۇ ئاشخانىنىڭ تاماقلىرىنىڭ باھاسى ئەرزان، مىقدارى كۆپ، يەنە تەملىك، مەن دائىم بالامنى بىللە ئېلىپ كېلىمەن، «نەچچە كۈن كەلمىسەم تاماقلىرىنى سېغىنىپ قالىمەن!»

خېرىدارلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئابلەت تېخىمۇ مەمنۇن بولدى.

**ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىش قەلبكە مىننەتدارلىقنى يۆكۈش**

ئىلگىرى ئابلەت بەش خىل مېتال دۇكىنى ئاچاتتى، ئەينى چاغدا سودىسى ياخشى بولۇپ، بىر ئائىلىدىكى تۆت جان كىشى كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكتىن غەم قىلمايتتى. ئۇ سىرتلارغا چىقىپ ئويناشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، جەمئىيەتتە نۇرغۇن دوست تۇتقانىدى.

بىر قېتىم خوتۇنى نۇرىمانگۈل نەمەت چىرايلىق ياسىنىپ ئۇنىڭ بىلەن سىرتقا چىقىپ تاماق يېيىشكە بارغاندا، ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، خوتۇن كىشى قىسقا يەڭلىك كىيىم كىيسە بولامدۇ، تېخى گىرىممۇ قىلىۋاپتۇ! دېگەن، ئەينى چاغدا خوتۇنىنىڭ ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئابلەت بۇنى ناھايىتى داۋلىسى بار، دەپ ھېس قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ خوتۇنىنىڭ ياسىنىشىغا، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشىگە ئۇنىمىدى، ئەر ـ خوتۇننىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يىرىكلىشىپ كەتتى.

بارا ـ بارا، ئابلەت جاھىل، ئەسەبىي بولۇپ قالدى، ھە دېسىلا ئەتراپىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى ئەيىبلەپ، ئۇلارنى مۇسۇلمان ئەمەس، مۇسۇلمانچە ئەمەس دېدى، دۇكاننىڭ تىجارىتى بىلەنمۇ كارى بولمىدى، دائىم دۇكاننى تاقاپ «دوست»لىرى بىلەن جەم بولۇپ، «ئەھمىيەتلىك» ئىشلارنى قىلماقچى بولدى.

خوتۇنى ۋە ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، ئەھۋالنى كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىگە ئېيتتى. ئائىلىسىدىكىلەر ۋە خىزمەت ئەترىتى ئەزالىرىنىڭ كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلىشىدا، سىناپ بېقىش پسىخكىسى بىلەن، ئابلەت ئاقسۇ شەھەرلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كېلىپ ئۆگىنىش قىلدى.

ياتاقتىكى پاكىز، رەتلىك يوتقان ـ كۆرپە، كىرلىكتىن ئابلەت ناھايىتى راھەت ھېس قىلدى؛ تەرتىپلىك تۇرمۇش ۋە دەم ئېلىشتىن ئۇ ھەر كۈنى روھلۇق يۈردى؛ مەزمۇنى مول دەرسلەردىن ئۇ كۆپلەپ يېڭى بىلىملەرنى ئۆگەندى. ئىلگىرى «دوست»لىرى بىلەن بىللە بولغاندا، قورساقى ئاچسا پەقەت نان غاجىلايتتى، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە بىر كۈندە ئۈچ ۋاق ئۇماچ، ئۈن تاماقى، كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە بار، ئوزۇقلۇق مول، تەمى مەززىلىك. بولۇپمۇ ھەر خىل يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، لازىمەتلىكلەرنىڭ ھەممىسى ھەقسىز بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇ ناھايىتى مىننەتدار بولدى.

«دۆلەت شۇنچە كۆپ پۇل خەجلەپ بىزگە ياردەم قىلدى، ئوقۇتقۇچىلار ئەستايىدىل مەسئۇل بولدى، مەن نېمىشقا ئەستايىدىل ئۆگەنمىگۈدەكمەن!» ئابلەت مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن ئەستايىدىل دەرس ئۆگەندى، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى تىرىشىپ ئۆگەندى، قانۇن بىلىملىرى ۋە كەسپىي ماھارەت ئۆگەندى، ئۇ «دوست»لىرىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنىڭ يامان نىيەتلىك ئەسەبىي ئۇنسۇرلار ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭمۇ ئەسەبىي ئىدىيە بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى، ناۋادا ۋاقتىدا ئۆزىنى تارتمىسا، ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندى.

«ئىلگىرى مەن ئەقلىمدىن ئېزىپتىمەن، ھازىر ئويلىسام بەك قورقۇپ كېتىمەن.» ئىلگىرىكى ئىشلار تىلغا ئېلىنسا، ئابلەت قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ تۇرۇپ، توختىماي بېشىنى چايقاپ، پۇشايمان قىلاتتى.

**ئەر ـ خوتۇن بىر نىيەتتە بولۇش بەخت يولىغا بىرلىكتە ئاتلىنىش**

«ئىلگىرى ئۇ دائىم كېچىچە ئۆيگە قايتمايتتى، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاجراشماقچىمۇ بولغان. تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن ئۇ كەلسە ـ كەلمەس قاتىرمايدىغان بولدى، كۆيۈمچان بولدى، قۇربىنىڭ يېتىشىچە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدىغان بولدى، ئاغرىپ قالسام يەنە ماڭا كىر يۇيۇپ بەردى.» ئابلەتتىكى ئۆزگىرىشلەر تىلغا ئېلىنسا، خوتۇنى نۇرىمانگۈلنىڭ چىرايىدا بەخت كۈلكىسى جىلۋىلىنەتتى.

نۇرىمانگۈل مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: ئىلگىرى ئۆيدىكى پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئابلەت باشقۇراتتى، ھازىر مەن باشقۇرىمەن، ئاشخانىغا مال سېتىۋېلىشقا مەن مەسئۇل، ھەممە ئىشتا ئېرىممۇ مېنىڭ پىكرىمگە ھۆرمەت قىلىدۇ. بىر ـ بىرىمىزگە كۆيۈنىمىز، بىر ـ بىرىمىزگە كۆڭۈل بۆلىمىز، ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتى بارغانسېرى ياخشىلاندى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئاشخانا تىجارەت قىلمىدى، ئابلەت خوتۇنى بىلەن: «ھازىر دۆلەت قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى، بىزمۇ قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشنى قىلايلى» دەپ مەسلىھەتلەشتى. ئۇ خوتۇنى بىلەن بىللە 60 كىشىلىك پولۇ ئېتىپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان قاتناش ساقچىلىرى ۋە يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش خادىملىرىغا ئاپىرىپ بەردى. «ئۇلار ئىنتايىن جاپا چېكىدۇ، مەنمۇ باشقا ياردەم قىلالمايمەن، ئۇلارنى ياخشى تاماق يېسۇن دەيمەن» دېدى ئۇ.

تىجارەت ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ئاشخانىنىڭ تىجارىتى قايتىدىن ئىزىغا چۈشتى، ئابلەت يەنە يېڭى ئويغا كەلدى. ئۇ خوتۇنى بىلەن: دۇكاننى ياندىكى ھويلا بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، قايتىدىن بېزەپ، تىجارەت كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى، خوتۇنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇشنى، ئۇ ئاقسۇ شەھىرىگە بېرىپ يېڭى دۇكان ئېچىشنى مەسلىھەتلەشتى.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقتى، نۇرىمانگۈل مۇنداق دېدى: «مەن بۇ دۇكاننى چوقۇم ياخشى باشقۇرىمەن، سىز خاتىرجەم ئاقسۇغا بېرىۋېرىڭ!» ئابلەت مۇنداق دېدى: «كېيىن تىجارىتىمىز زورايسا، يېمەك ـ ئىچمەك شىركىتى ئاچساق، سىز باش دىرېكتور بولسىز، مەن يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلارنى قىلىمەن!» خوتۇنى بۇنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.



**باش يازدا دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇش**

**6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، دېھقانلار خوشۇت ناھىيەسى سۇخاتۇ يېزىسىنىڭ سۇخاتۇ كەنتىدىكى لازا ئېتىزىدا يەر بوشىتىش، ئوت ئوتاش مەشغۇلاتى قىلماقتا.**

**□چۆ . خورە فوتوسى**

# ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى

## بۇلتۇر ھاۋا سۈپىتى ئۆلچەمگە يەتكەن كۈن سانى 277 كۈن بولدى




پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يۈ شى خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئىدارىسى 2019 ـ يىللىق ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇھىت سۈپىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئاخباراتنى ئېلان قىلىپ، 2019 ـ يىللىق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئاسراش خىزمىتى ئەھۋالى ۋە 2020 ـ يىللىق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئومۇمىي ئوقتۇرۇش قىلدى. ئاخباراتتا كۆرسىتىلىشچە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئەھۋالى سىجىل ياخشىلانغان.

2019 ـ يىلى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇھىت، ھاۋا سۈپىتى ئۆلچەمگە يەتكەن كۈن سانى (ئەلا، ياخشى) 277 كۈن بولۇپ، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %76.9 (بەش كۈنلۈك چاڭ ـ توزانلىق ھاۋارايى چىقىرىۋېتىلدى) بولدى، سۇ مۇھىتىنىڭ سۈپىتى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملىقىنى ساقلىدى، مەركەزلىك ئىچىدىغان سۇ مەنبەسىنىڭ سۇ سۈپىتىنىڭ ئەلا، ياخشى بولۇش نىسبىتى %91.67 بولدى؛ تۇپراق مۇھىتىنىڭ سۈپىتى بىردەك پاكىز(بىخەتەر) دەرىجىسىدە تۇردى، مۇھىت خەۋپ ـ خەتىرى ۋەزىيىتى بىرقەدەر مۇقىم بولۇپ، ئېغىر، زور تاسادىپىي مۇھىت ۋەقەسى يۈز بەرمىدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى گې گۇاڭفېڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇلتۇر، ئۈرۈمچى شەھىرىدە تارقاق كۆمۈر قالاپ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ئەسلىھەسىدىن 3033نى ھەم ئون توننا كۆمۈر قالاپ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەيدىغان ئۈچ پار قازاننى پاكىز ئېنېرگىيەلىك قىلىپ ئۆزگەرتىش تاماملاندى؛ يەتتە سانائەت باغچە رايونىدا سۇ چىقىرىش كارخانىلىرى تىزىملىكىنى تۈرگۈزۈش نازارەت قىلىنىپ، كېرەكسىز سۇ چىقىرىش تۇرۇبا يولى ۋېكتور ئىسخېمىسى سىزىلىپ، باغچە رايونىدىكى كارخانىلار چىقارغان پاسكىنا سۇنىڭ بارار جايى بىۋاستە كۆرسىتىپ بېرىلدى؛ سۇ سۈپىتىنى ئاپتوماتىك كۆزىتىپ ئۆلچەش پونكىتىدىن بەشى يېڭىدىن كۆپەيتىلىپ، دۆلەت كونترول قىلىدىغان، ئاپتونوم رايون كونترول قىلىدىغان، شەھەر كونترول قىلىدىغان دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ كەسمە يۈزىنى ئاپتوماتىك كۆزىتىپ ئۆلچەشنىڭ تولۇق قاپلىنىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

بۇلتۇر ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش تۈرىدىن 553نى تەستىقلاپ، 27 ساھەدىكى 372 كارخانىغا بۇلغىما چىقىرىش ئىجازەتنامىسى تەكشۈرۈپ تارقىتىپ، ئىجازەتنامە بويىچە بۇلغىما چىقىرىشنى نازارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلتۇر مەخسۇس تۈرلۈك قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ پۈتۈن ساھەنى قاپلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بۇلغىما مەنبەسىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلىدى.

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۈرۈمچى شەھىرى پۈتۈن شەھەردىكى قۇرۇلغان رايونلارنى قاپلىغان مۇھىت، ھاۋا سۈپىتىنى ئاپتوماتىك كۆزىتىپ ئۆلچەش تورىنى قۇردى، دۆلەت مۇھىت كۆزىتىپ ئۆلچەش تارماقلىرى 11 پونكىتنى ئۈچىنچى تەرەپ ئاپپاراتلىرىغا ئاسراشقا ھاۋالە قىلىپ، كۆزىتىپ ئۆلچەش سانلىق مەلۇماتلىرىنى دۆلەت مۇھىت كۆزىتىپ ئۆلچەش سۈپىسىغا ئەمەلىي ۋاقىتتا يوللاپ بەردى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2013 ـ يىلى، تۆمۈر چوققىسى دۇنيا تەبىئىي مىراسلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى، ئېكولوگىيەنى ئاسراش تەلىپى بويىچە، بوز دۆڭ قىرغىز يېزىسىدىكى 2 مىليون 520 مىڭ مو ئوتلاق چارۋا بېقىشقا چەك قويۇلىدىغان ئوتلاق قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، 250 مىڭ مو ئوتلاق چارۋا بېقىش چەكلىنىدىغان ئوتلاق قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. شۆيۈەن كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئوتلاقلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ قاتاردا ئىدى.

«بۇ يەردە تەبىئىي تاغ ئوتلىقى بار، كىلىماتى نەم، قوي ـ كالىلار توپ ـ توپ يۈرىدۇ، ساياھەتچىلەر سالقىنداپ ئىسسىقتىن ساقلىنىدىغان ياخشى جاي؛ بۇ يەردىكى قوي ـ كالا گۆشىنىڭ سۈپىتى ئېسىل، تەمى ياخشى؛ بۇ يەر يەنە قىرغىز كەنت ئاھالىلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇپ، ساياھەتچىلەرگە ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەنزىرىلەرنى ھېس قىلدۇرىدۇ» دېدى 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بوز دۆڭ قىرغىز مىللىي يېزىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋاڭ خېيلۇڭ.

ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ياردەم بېرىشى ـ يۆلىشى بىلەن، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنى بېقىپ ياتقان شۆيۈەن كەنتى ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى ئاچتى.

بېيىش ئۈچۈن، ئاۋۋال يول ياساش كېرەك، يولنى ياساپ بولغاندىن كېيىن، توك يەتكۈزۈش كېرەك، شۆيۈەن كەنتىنىڭ توك بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى ئېغىر دەرىجىدە يېتەرسىز ئىدى. دۆلەت ئېلېكتىر تورى ئاقسۇ توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى توك تەقسىملەش تورى قۇرۇلۇشى جەھەتتە قوللاپ، ترانسفورماتور ئورنىتىش، تۆۋەن بېسىملىق سىم يولىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىقلار ئارقىلىق توك بىلەن تەمىنلەش رادىئۇسىنى قىسقارتىپ، شۆيۈەن كەنتىنىڭ توك بىلەن تەمىنلەش سۈپىتىنى ئۆستۈردى. يېتەرلىك توك كۈچى كاپالىتى بار بولغاندىن كېيىن، شۆيۈەن كەنتىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش كەسپى تەرەققىيات ئاساسىغا ئىگە بولدى.

قاتتىق دېتال ئەسلىھەلىرىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، شۆيۈەن كەنتىنىڭ ئۆزگىچە مەنزىرىسى نۇرغۇن يەرلىك ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى، سىرتتىن كېلىدىغان ساياھەتچىلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. يېزىلىق ھۆكۈمەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كەنت ئاھالىلىرىنى چارۋىچىلار ئارامگاھى ئېچىشقا، كۆپ خىل مىللىي خاسلىققا ئىگە يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئېچىشقا ئىلھاملاندۇردى.

ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەزەلدىن «ساياھەت تامقى» يەپ باقمىغان كەنت ئاھالىلىرىنى غەمگە سالدى. كەنت ئاھالىلىرىنى بىۋاستە چۈشەنچىگە ۋە تەسىراتقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، دۆلەت ئېلېكتىر تورى ئاقسۇ توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى پۈتۈن كەنتتىكى كەنت ئاھالىلىرىنى تۈركۈمگە بۆلۈپ ئەتراپتىكى «تيانشان ئارامگاھى»غا ئاپىرىپ، «ئارام ساياھىتى» تىجارەت ئەندىزىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە، ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى؛ بىر تاغ ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان، ئاساسىي شارائىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان، چارۋىچىلار ئارامگاھى ئېچىپ بىرقەدەر ياخشى كىرىم قىلىۋاتقان كۆكيار بازىرى ياقلىق كەنتىدىكى چارۋىچىلار ئارامگاھى تىجارەتچىلىرىنى كەنتكە كېلىپ لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان مىساللار ئارقىلىق كەنت ئاھالىلىرىنى ساياھەتچىلىكنى گۈللەندۈرۈش يولىغا مېڭىشقا ئىلھاملاندۇردى، يېتەكلىدى. يەنە كەسپىي ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، يېمەك ـ ئىچمەك، ساياھەتتە كۈتۈۋېلىش قاتارلىق ئالتە كۇرس قېتىم تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئەسلىھەلەرنى ئۆزگەرتىش، مۇھىت قۇرۇلۇشى، يېمەك ـ ئىچمەك تازىلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى قېلىپلاشتۇردى.

كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەر قىلىش، تەربىيەلەش ئارقىلىق، كەنت ئاھالىلىرى ساياھەت بايلىقىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزدى. نۆۋەتتە، ساياھەتچىلىك شۆيۈەن كەنتىنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى كىرىمنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەيدىغان تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلاندى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)